# 12646 - ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىتىكاپ قىلسا توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئىتىكاپ قىلىش دۇرۇس بولامدۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

شۈنداق، يىلنىڭ قايسى ۋاقىتىدا ئىتىكاپ قىلسا دۇرۇس بولاۋېرىدۇ. ئەمما ئەڭ ئەۋزەللىپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولغان ساھابىلارغا ئەگىشىپ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئىتىكاپ قىلسا ياخشى بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ئەسەرلەردە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى يىللاردا شەۋۋال ئېيىدا ئىتىكاپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.